100 يىللىق كۈرەش يولى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

# جەۋلان قىلغان قىزىل بايراق

## چوڭ ئىشلار خاتىرىسى ④

**1941 - يىلى**

**1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى** «شىنجاڭ گېزىتى»دە «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى»نىڭ يۈزبېرىش جەريانى خەۋەر قىلىنىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقى» «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى باياناتچىسىنىڭ جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى توغرىسىدىكى سۆزى» ئېلان قىلىندى ھەمدە ت ئا س س ئاگېنتلىقىنىڭ «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى» توغرىسىدا تارقاتقان خەۋىرى ئېلان قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە گومىنداڭنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، كوممۇنىستىك پارتىيەگە قارشى تۇرۇشنى يولغا قويغان جىنايى سۇيىقەستى پاش قىلىندى. چېن تەنچيۇ دىخۇادىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئەزالىرىغا «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى»گە ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئۇقتۇردى.

**7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى** «شىنجاڭ گېزىتى»دە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز»ناملىق باش ماقالە ئېلان قىلىندى ھەم ماۋ زېدۇڭ، جۇ دېنىڭ سۈرىتى بېسىلدى. چېن تەنچيۇ دىخۇادىكى بارلىق كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنى يىغىپ، 8 - ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىدا داغدۇغىلىق ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى ۋە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ تۆت يىللىقى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى.

**11 - ئاي** خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت نازىرى ماۋ زېمىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە پۈتۈن شىنجاڭدا رايون، كەنت باشلىقلىرىغا قارىتا دېموكراتىك سايلام يولغا قويۇلۇپ، يېزا ئەمەلدارى - شاڭيۇ-لۇق تۈزۈمى بىكار قىلىندى.

**1942 - يىلى**

**5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى** چېن تەنچيۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا دىخۇادىكى يېقىنقى ئىككى قېتىملىق سوتنىڭ ئەھۋالىنى، يەنى: شېڭ شىسەينىڭ ئويدۇرۇپ چىققان «ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىش سۇيىقەستى» ۋە «ئالتاي ۋەقەسى»دىن ئىبارەت ئىككى دېلوغا قايتا قاراپ چىقىش ئەھۋالى ھەم شېڭ شىچىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيەگە قارشى تۇرىدىغانلىقى ئاشكارىلاندى، دەپ كۆرسەتتى.

**9 - ئاي** شېڭ شىسەي ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا كوممۇنىستىك پارتىيەگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇردى، پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى خادىملىرىدىن 154 كىشى (ئائىلە تەۋەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نى نەزەربەند قىلدى، ئارقىدىنلا تۈرمىگە تاشلىدى.

**1943 - يىلى**

**3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى** لىن جىلۇ دىخۇا 4 - تۈرمىسىنىڭ شەرقىي قورۇ 5 - نومۇرلۇق كامېرىدا «مەھبۇسلار ناخشىسى» ۋە «ئايالىنى ئەسلەش» دېگەن شېئىرلارنى يازدى، چىن گۈيىن ئاھاڭغا سالدى، بۇ ناخشىلار تۈرمىدە ئېيتىلىپ ۋە تارقىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بەردى.

**9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى** جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدىن چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن مەخپىي ئۆلتۈرۈلدى.

**1945 - يىلى**

**8 - ئاي** ئىلغار تەشكىلات «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» جاڭ جيۇەننى 8 - ئارمىيەنىڭ چۇڭچىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىغا شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلىشقا ئەۋەتتى. پارتىيەنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ شەرقىي شىمال، شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا، سەنشى - خېبېي - شەندۇڭ - خېنەن قاتارلىق ئازاد رايونلارغا باردى.

**1946 - يىلى**

**6 - ئاي** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ ياردىمىدە، شىنجاڭ تۈرمىسىگە قامالغان پارتىيەمىز خادىملىرىدىن 131 كىشى (ئائىلە تەۋەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قويۇپ بېرىلىپ، دىخۇادىن ئايرىلىپ يەنئەنگە قايتتى.

كېڭەيتىپ ئوقۇش




«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ باش بېتىدە جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىش جەريانى ئېلان قىلىندى.

1941 - يىلى 3 - ئايدا، دىخۇادىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئەزالىرى جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى توغرىسىدا ماۋ زېدۇڭ ۋە مەركەزدىكى بارلىق يولداشلارغا تېلېگرامما يوللاپ، بىردەك مۇنداق قارىدى: جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى گومىنداڭ ئىچىدىكى ياپونپەرەسلەر، كوممۇنىستىك پارتىيەگە قارشى تۇرۇش تەرەپدارلىرىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئىزچىل قارشى تۇرۇش سۇيىقەستىنىڭ داۋاملىق ئەۋج ئېلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە كوممۇنىستىك پارتىيەگە قارشى تۇرۇش ۋە تەسلىم بولۇش مەقسىتىدىكى غايەت زور ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش. پارتىيەمىز چوڭ ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى قوغداپ، گومىنداڭنىڭ يولسىز ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كۆپ قېتىم يول قويغانىدى، ھازىر يول قويۇش باسقۇچى ئاخىرلاشتى. بىز ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى قوغداش، ئىنقىلابنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى قوغداش مەيدانىدا تۇرۇپ، جەزمەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاممىۋى پىكىر، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغان كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ياپونپەرەسلەر، جاھىللارغا ئەجەللىك زەربە بېرىشىمىز كېرەك. بىز پۈتۈن مەملىكەت بويىچە (ھەممىمىز) مەركەزنىڭ جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشنى ھىمايە قىلىمىز.




«شىنجاڭ گېزىتى»دە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز» ماۋزۇلۇق باش ماقالە ئېلان قىلىندى ھەم ماۋ زېدۇڭ، جۇ دېنىڭ سۈرىتى بېسىلدى.

گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ۋاڭ دېيۇ باشچىلىقىدىكى تۆت كىشىلىك «ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن شىنجاڭ سوت كوللېگىيەسى»نى چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشقا بىۋاستە قاتنىشىشقا ئەۋەتتى.



چېن تەنچيۇ



ماۋ زېمىن



لىن جىلۇ

☐ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت تەتقىقات يۇرتى تەمىنلىگەن
☐ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى فەن خۇيبى رەتلىگەن







ئوڭدىكى سۈرەت: 1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «ئازادلىق گېزىتى»دە يەنئەندىكى ھەر ساھەنىڭ شىنجاڭدىكى قويۇپ بېرىلگەن يولداشلارنىڭ يەنئەنگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى قارشى ئالغانلىقى خەۋەر قىلىندى. سولدىكى سۈرەت: 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، شىنجاڭدىكى قويۇپ بېرىلگەن كوممۇنىستلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى يەنئەندە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

# شىنجاڭ قار - مۇز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شىنجاڭنىڭ قار - مۇز تەنھەرىكىتى ۋە قار - مۇز ساياھىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇپ، شىنجاڭ، جىلىندىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ جۇڭگو (چاغبەيشەن تاغ تىزمىسى - ئالتاي تاغ تىزمىسى) قار - مۇز ئىقتىسادى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات سىناق رايونىنى ئورتاق بەرپا قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، چوڭقۇر ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش ھەم باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ قار - مۇز كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەت، ھەم قار - مۇز بايلىقى ئەۋزەللىكىنى كەسىپ ئەۋزەللىكى، رىقابەت ئەۋزەللىكى، تەرەققىيات ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇشقا تۆرتكە بولۇشتىكى ئەمەلىي تەدبىر. بېيجىڭ 2022 - يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە قىشلىق مېيىپلەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى پۇرسەت بىلىپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مېخانىزمىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ يۆلەش سىياستىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قار - مۇز كەسپى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئالتاي تاغلىق رايوننىڭ قار - مۇز كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنى كۆلەملىك توپلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كېڭەيتىپ، جۇڭگو قار - مۇز ئىقتىسادى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات سىناق رايونى ۋە دۇنيا قار - مۇز كەسپىنى يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىش كېرەك. پىلان تۈزۈشنى تېزلىتىپ، قار - مۇز تەنھەرىكىتى مەيدان - سارايلىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئېپسىل لىنىيە بەرپا قىلىپ، قار - مۇز ساياھىتىنىڭ تېز سۈرئەتلىك تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇش؛ قار - مۇز تەنھەرىكىتىنى يېتىلدۈرۈپ، راۋاجلاندۇرۇپ، قار - مۇز ماھارەت تەنتەربىيەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىپ، تېخىمۇ كۆپ قار - مۇز تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈش؛ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئىلتىماس قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، قار - مۇز مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قار - مۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش سۈپەتلىك ماركىسىنى بەرپا قىلىش؛ قار - مۇز جابدۇقلىرىنى ياساش، قار - مۇز سودىسى، قار - مۇز ئاقىللار ئامبىرى، قار - مۇز پۇل مۇئامىلىسى، قار - مۇز ماركېتىنگى قاتارلىقلارغا كۈچەپ تۆرتكە بولۇپ، قار - مۇز ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، قار - مۇز ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ھەمكارلىق تۈرلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ قار - مۇز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نېفىت، نېفىت خىمىيە، كۆمۈر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى، باغ - ئورمان، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، نان، ئۈزۈم ھاردۇقى، ساياھەت قاتارلىق «ئون چوڭ كەسىپ»نىڭ تەرەققىياتىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ نۇقتىلىق كەسىپلەردە بۆسۈش ھاسىل قىلىش، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت ئاساسىنى كۈچەيتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، شىنجاڭنىڭ خاس، ئەۋزەل كەسىپلىرىنى يېتىلدۈرۈش، زورايتىش ئۈچۈن يېڭى ھاياتىي كۈچ، يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇشقا پايدىلىق. «ئون چوڭ كەسىپ» تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى ياخشى تۈزۈپ، يىللىق تەرەققىيات نىشانى ۋە نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى بېكىتىپ، ھازىرقى تۈرلۈك يۆلەش مەبلىغىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تۈرلۈك يۆلەش مەبلىغىنى سىياسەت يول قويغان شارائىتتا، «ئون چوڭ كەسىپ»كە مايىللاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. باشلامچى، تايانچ كارخانىلارنى يېتىلدۈرۈپ، كەسىپي جەمئىيەتلەرنى قۇرۇپ، خەلقئارا، دۆلەت ئىچىدىكى كەسپىي تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ھەمكارلىق، ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كەسىپلەرنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

(بېشى 1 - بەتتە)

دوكلات بېرىش يىغىندا، چۈ چىڭشەن باش
شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخى توغرىسىدى-
كى مۇھىم بايانلىرى، بولۇپمۇ پارتىيە تارىخىنى
ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا
قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چىڭ كۆزلەپ،
پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەر-
بىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمى-
يىتىنى چوڭقۇر شەرھلىدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق كۈرەش قىلىش شانلىق
مۇساپىسى ۋە تارىخىي خاراكتېرلىك تۆھپىسىنى
ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلىدى، پارتىيە تارىخىنى ئۆ-
گىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتىكى نۇقتى-
لىق ۋەزىپىلەرنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى ھەم
شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم
ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈ-
رۈش، ئەمەلىي ئىشلىتىش، «تۆت ئاڭ»نى كۈ-
چەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككى-
نى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى سىستېمىلىق
يېشىپ چۈشەندۈردى. لېكسىيە دوكلاتىنىڭ باش
تېمىسى روشەن، مەزمۇنى مول، ئىدىيەسى
چوڭقۇر، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق بولۇپ، ھەم نەزە-
رىيە جەھەتتىن شەرھلەنگەن، ھەم مەسىلىلەر ئارقى-
لىق يېشىپ تەھلىل قىلىنغان، ھەم تارىخ خۇلاسى-
لەنگەن، ھەم ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىنغان
بولۇپ، نېمە ئۈچۈن پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش،
نېمىنى ئۆگىنىش، قانداق ئۆگىنىش مەسىلىسى
چوڭقۇر شەرھلىنىپ چۈشەندۈرۈلگەن، بىڭتۇەن-
دىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارغا بىر قې-
تىملىق قالتىس پارتىيە تارىخى تەربىيەسى كون-
سۇلتاتسىيە دەرسى ئۆتۈلۈپ، كۆپچىلىكنىڭ پارتىيە-
نىڭ 100 يىللىق كۈرەش قىلىش تارىخى ۋە پار-
تىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات ياي-
دۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە بولغان
تونۇشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى، بىڭتۇەن-
دە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممەيلەننىڭ
يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە،
جاسارەت بىلەن ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك
زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپە-
سىنى باشلاش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى تېخىمۇ
چىڭىتتى.

ۋاڭ جۈنجېڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتى-
يە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇ-
رۇش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتى-
يە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەۋقەنى پارتىيەنىڭ
100 يىللىق تارىخىي يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىغا
قويۇپ چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىرى، پۈتۈن
پارتىيەنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى بىر چوڭ
ئىش. بىڭتۇەندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى
تارماقلار ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار بۇ
قېتىمقى مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ كونسۇلتاتسى-
يە دوكلاتىنىڭ نەتىجىسىدىن ھەققىي ياخشى پايدى-
لىنىپ، يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق ۋە
كۈچلۈك بۇرچ، مەسئۇلىيەت بىلەن پارتىيە تارى-
خىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى يۇقىرى ئۆلچەم، يۇ-
قىرى سۈپەتتە ياخشى قانات يايدۇرۇپ، ئۈزلۈك-
سىز تۈردە پارتىيە تارىخىدىن ئالغا ئىلگىرىلەيدى-
غان ئەقىل - پاراسەت، جاسارەت بىلەن ئىلگىرى-
لەيدىغان كۈچكە ئېرىشىشى كېرەك. بىڭتۇەن
روھى، توغراق روھى ۋە پېشقەدەم ئەسكەرلەر
روھىنى يەنىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇپ، بىڭتۇەن ئالا-
ھىدىلىكى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە باي بولغان
پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى ئۈنۈمە-
لۈك ۋاستىسىنى بەرپا قىلىپ، بىڭتۇەندە يۇقى-
رىدىن تۆۋەنگىچە ھەممەيلەننى شى جىنپىڭ
يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى
بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يې-
تەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۆرتكە بولۇشتا
باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇشقا تەربىيەلەپ ۋە يې-
تەكلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ بىڭتۇەن خىزمىتى توغرىسىدىكى ئو-
رۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىنى كەم - كۈتىسىز جايىدا
ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىڭتۇەننىڭ مۇقىملىقنى
قوغداش، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپە -
مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىپ، تىرى-
شىپ بىڭتۇەننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ئىشلىرىنىڭ
يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇپ،
ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتى-
يەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش
كېرەك.

بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن پېڭ جيارۇي،
كۇڭ شىڭلۇڭ، لى شىنمىڭ، شاۋ فېڭ،
جاڭ ۋېنچۈەن، ليۇ جيەنمىڭ، ياۋ شىنمىن،
جاڭ يۇڭ، لى پىڭ، لۇ شۈپىڭ، لى جىدۇڭ
دوكلات بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، چۈ چىڭشەن ۋە
ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يەنە شىخەنزە داشۆ،
بىڭتۇەن 8 - شى شىخەنزە شەھىرىگە چوڭقۇر
چۆكۈپ، بىڭتۇەندىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇ-
چى - ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى
كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئامما بىلەن
سۆھبەتلىشىپ، ھەمتۈرتكىلىك پىكىر ئالماشتۇ-
رۇپ، پارتىيە تارىخى لېكسىيەسىنى چوڭقۇر
قانات يايدۇردى.